# 336588 - پالچى، رەممال ۋە مۇنەججىملەرنىڭ ماقالە-كىتابلىرىنى ئوقۇشنىڭ ھۆكمى

## سوئال

مۇنەججىملەرنىڭ ئىلگىرىكى پارچىلىرىغا يېزىلغان ئىزاھلىرىدىن 2020-يىلىدا يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى ئوقۇدۇم، ئۇنىڭغا ئىشەنگەن ياكى ئىشەنمىگەنلىكىمنى ياخشى بىلمەيمەن، ئەمدى مېنىڭ قىرىق كۈنلۈك نامىزىم قوبۇل بولمامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## ئىخچام جاۋاپ

رەممال-پالچىلاردىن ئىلىم سوراش توغرا بولمايدۇ، بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «رەممال-پالچىلاردىن ئىلىم سورىغان كىشىنىڭ قىرىق كۈنلۈك نامىزى قوبۇل بولمايدۇ.» [مۇسلىم رىۋايىتى]. بۇ ھەدىستىكى ئىشەنمەستىن پەقەت سورىغان كىشى توغرىسىدا، ئەمما سوراپ ئىشەنگەن كىشىنىڭ جازاسى بۇنىڭدىن ئېغىر بولىدۇ. بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئايالى ھەيزدار ۋاقتىدا مۇناسىۋەت قىلغان ياكى ئايالىنىڭ دۇبۇرىغا مۇناسىۋەت قىلغان ياكى رەممال-پالچىلارنىڭ سۆزىگە ئىشەنگەن كىشى ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان دىنىغا ئىنكار قىلغان بولىدۇ».
رەممال-پالچىلارنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇش ھارام بولىدۇ، بۇ ئۇلاردىن ئىلىم سورىغانغا يېقىن ئىشتۇر، ئەگەر قەستەن ئوقۇغان بولسىڭىز، ئاللاھقا تەۋبە قىلىپ كەچۈرۈم سوراپ بۇنداق ئىشنى مەڭگۈ تەكرارلىماڭ.

## تەپسىلى جاۋاپ

Table Of Contents

- ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىگەندىمۇ ئۇلاردىن ئىلىم سوراش توغرا بولمايدۇ.
- رەممال-پالچىلارنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇش ھارام بولۇپ، بۇ ئۇلاردىن ئىلىم سورىغانغا ئوخشاش ئىشتۇر.

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ۋە سالاملىرى بولسۇن.

### ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىگەندىمۇ ئۇلاردىن ئىلىم سوراش توغرا بولمايدۇ.

رەممال-پالچىلاردىن ئىلىم سوراش توغرا بولمايدۇ. بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «رەممال-پالچىلاردىن ئىلىم سورىغان كىشىنىڭ قىرىق كۈنلۈك نامىزى قوبۇل بولمايدۇ.» [مۇسلىم رىۋايىتى 2230-ھەدىس].

ھەدىستە بايان قىلىنغىنى بولسا؛ ئىشەنمەستىن پەقەت سورىغان كىشى توغرىسىدا، ئەمما سوراپ ئىشەنگەن كىشىنىڭ جازاسى بۇنىڭدىن ئېغىر بولىدۇ. بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئايالى ھەيزدار ۋاقتىدا مۇناسىۋەت قىلغان ياكى ئايالىنىڭ دۇبۇرىغا مۇناسىۋەت قىلغان ياكى رەممال-پالچىلارنىڭ سۆزىگە ئىشەنگەن كىشى ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان دىنىغا ئىنكار قىلغان بولىدۇ». [ئىمام ئەھمەد 9779-ھەدىس. ئەبۇ داۋۇد 3904-ھەدىس. تىرمىزى رىۋايىتى 135-ھەدىس. ئىبنى ماجە رىۋايىتى 936-ھەدىس. شەيخ ئەلبانى سەھىھ دەپ "ئىبنى ماجەنىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدا كەلتۈرگەن].

## رەممال-پالچىلارنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇش ھارام بولۇپ، بۇ ئۇلاردىن ئىلىم سورىغانغا ئوخشاش ئىشتۇر.

"كەشاپۇل قىنا"1-توم 434-بەتتە مۇنداق بايان قىلىنغان: "يەھۇدى-نەسارالارنىڭ كىتابلىرىغا قاراش توغرا بولمايدۇ، بۇ توغرىدا ئىمام ئەھمەدتىن بايان قىلىنغان دەلىلدە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولىدا تەۋراتنىڭ پارچىسىنى كۆرگەن ۋاقىتتا ئاچچىقلانغان ۋە: «ئەي خەتتابنىڭ ئوغلى! سەن شەك قىلىۋاتامسەن؟» دېگەن.

بىدئەتچىلەرنىڭ، ھەق بىلەن باتىلنى ئارىلاشتۇرىۋەتكۈچىلەرنىڭ كىتابلىرى ۋە قىلغان رىۋايەتلىرىگە نەزەر سالماسلىق كېرەك، چۈنكى ئۇ مۇسۇلمانغا زىيانلىق ۋە ئېتىقادىنى بۇزىدۇ.

"كەشاپۇل قىنا"3-توم 34-بەتتە  چەكلەنگەن ئىلىملىرىنىڭ باياىندا مۇنداق دېگەن: "پالچىلارنىڭ كىتابىنى ئوقۇش ئىلمى كالام، پەلسەپە، تۇمار پۈتۈش، مۇنەججىملىك ، رەممالىلىق، شئېر توقۇش، تاش تىزىپ غەيبىنى بايان قىلىش، سېھىرگەرلىك، ئەرەب تىلىدىن باشقا تىللاردا مەنىسى بىلىنمەيدىغان  تىل تۇمار پۈتۈش قاتارلىقلارنى ئۆگىنىش ۋە مۇرتەدنىڭ كىتابىنى ئوقۇش قاتارلىقلار ھارام بولىدۇ.

شۇنىڭدەك ئىنسانىنىڭ ئىسمى، ئانىسىنىڭ ئىسمى ھېسابى بىلەن، يۇلتۇزلار بىلەن، يۇلتۇز ئۇ تەرەپتە بولسا مۇنداق، بۇ تەرەپتە بولسا مۇنداق بولىدۇ دېيىش، بىر ئىنساننىڭ باي-كەمبەغەللىكىگە ھۆكۈم قىلىش ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ئاسمان جىسىملىرى ۋە زېمىن قاتلاملىرىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر قاتارلىقلارمۇ ھارام بولىدۇ".

دائىمىي كومىتېت پەتىۋاسى 1-توم 203-بەتتە مۇنداق بايان قىلغان: "گېزىت-ژۇرناللاردا مەۋجۇد بولغان تەلەي يۇلتۇزىنى راست دەپ ئېتىقاد قىلىشنىڭ شەرئىتتە ھۆكمى قانداق؟.

جاۋاپ:

سىرىق تۇچ ئىسىشۋىلىش، بەخت-تەلىينى يۇلتۇز، بۇرجلارغا ئالاقدار قىلىش بۇرۇنقى ئەسىردىكى مەجۇسىيلار، پەلسەپەچىلەردىن يۇلتۇزغا چوقۇنغۇچىلار ۋە ئۇلارغا ئوخشاش كاپىرلارنىڭ  شېرىك كەلتۈرۈش يولىدۇر، بۇ مۇشرىكلار ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ئىلىملەرنى بىلىمىز دەپ دەۋا قىلىدۇ، بۇ ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى تالاشماق ۋە چوڭ شىرىكتۇر. بۇ ھەقىقەتتە كۆز بويامچىلىق، يالغانچىلىق، كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى ئويناتقانلىق، ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى ھەقسىز يەۋېلىش، ئەقىدە-ئېتىقادىنى بۇزۇش ۋە خاتا ئويلارغا چۈشۈرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

سوئال سورىغۇچىغا: گېزىت-ژۇرناللاردىكى بۇنداق نەرسىلەرنى ئوقۇش، تارقىتىش، كىشىلەر ئارىسىدا راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئۇلارغا ئىشىنىش توغرا بولمايدۇ، بەلكى بۇ تەۋھىدكە تەسىر كۆرسىتىدىغان كۇپرىنىڭ بىر شاخچىسىدۇر، بۇنىڭدىن ھەزەر قىلىش، ئۇنى تەرك قىلىشقا تەۋسىيە قىلىش، ئاللاھ تائالاغا تايىنىش ۋە ھەممە ئىشلاردا ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ.

پەتىۋا بەرگۈچىلەر: بەكرى ئەبۇ زەيد، ئابدۇلئەزىز ئال- شەيخ، سالىھ پەۋزان، ئابدۇللاھ ئىبنى غۇدەييان، ئابدۇلئەزىز ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى باز قاتارلىقلار.

ئەگەر قەستەن ئوقۇغان بولسىڭىز، ئاللاھقا تەۋبە قىلىپ، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سوراپ بۇنداق ئىشنى قايتا تەكرارلىماڭ.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.